دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسى يارىتىمىز

□ شىنجاڭ داشۆسى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ پروفېسسورى رەخمىتۇللا ھەسەن

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى يېقىندا ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى، ھەم زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەرگە ئېغىر خاتا سىگنال بەردى، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، نىيىتى ئىنتايىن رەزىل. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر زىيالىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا قارىتا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

يېقىندا، مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان بىر قىسىم تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن كۆرۈشتۈم. بىر تەربىيەلەنگۈچى ماڭا مۇنداق دېدى: «تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بىزنىڭ ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بەردى، تېخىمۇ مۇھىمى بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتتى. ئۆگىنىش ئارقىلىق قانۇنچىللىق ئېڭىمىز كۈچەيدى، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى سەۋىيەمىزمۇ ئۆستى، ھازىر ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان، پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان، ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان بولدۇق، يەنە ئەمەلىي ماھارەت ئۆگىنىپ، ياخشى خىزمەت تاپتۇق.» بۈگۈنكى كۈندە، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغانلارنىڭ بەزىلىرى زاۋۇتتا ئىشقا ئورۇنلاشتى، بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىدى، يەنە بەزىلىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكوم، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە بېرىپ داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىم ۋە ماھارەت ئارقىلىق ئەتراپىدىكى ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ئورتاق بېيىشقا يېتەكلەۋاتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى تىنچ ـ خاتىرجەملىكى تەستە قولغا كەلگەن. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىپ، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى ئېغىر دەپسەندە قىلىندى. شىنجاڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇنچىللىق تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى.

شىنجاڭ ئۇدا كۆپ يىل مالىيە چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى. 2012 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغىچە، شەھەر ـ بازارلاردا جەمئىي 3 مىليون 268 مىڭ ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ھەربىر ئەمگەك ئىقتىدارى بار ئائىلىدە ئاز دېگەندە بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تولۇق قاپلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى، 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ تولۇق قاپلىدى؛ 2016 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭدا ھەر يىلى ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى...

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزملا ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۇيۇشتۇرالايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى گۈللەندۈرەلەيدۇ. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى گۈللەنگەن، مۇقىم ۋەزىيىتى ھەم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، ھەم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىسەكلا، بىز چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتالايمىز.

# مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىمەن

□ شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ دوتسېنتى گۆھەربان ئۆمەر

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن. ئۇيغۇر زىيالىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى مەزكۇر ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇشقا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشىنىڭ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇشقا يېتەكلەش مەسئۇلىيىتىم ھەم مەجبۇرىيىتىم بار. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ ۋە ئاساسسىز ئەيىبلەپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىگە خالىغانچە بوھتان چاپلىدى. بۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئىنتايىن زور ئازار بەردى ھەم زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەرگە ئېغىر خاتا سىگنال بەردى، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، نىيىتى ئىنتايىن رەزىل، ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش.

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قان قېرىنداش ئائىلە ئەزالىرى. مەن غۇلجا شەھىرىدە كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم، كىچىكىمدە ئولتۇرغان ئائىلىلىكلەر قورۇسى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ قورۇ ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، كىچىكىمدە ھەر مىللەت دوستلار بىلەن بىللە چاغان، قۇربان ھېيت ئۆتكۈزۈپ، ئۆيلىرىمىزگە كىرىشەتتۇق، بىللە ئوينايتتۇق. نەچچە ئون يىلدا، مەن مەكتەپتە ئوقۇغاندا ياخشى ياتاقداشلارغا، ياخشى ساۋاقداشلارغا ئۇچرىدىم، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ياخشى خىزمەتداشلارغا، ياخشى دوستلارغا ئۇچرىدىم. مەن بۇ مۇنبەت تۇپراقنى چوڭقۇر سۆيىمەن، كۈندىن ـ كۈنگە باياشات بولۇۋاتقان گۈزەل شىنجاڭنى ۋە ھەر مىللەت خەلقنى چوڭقۇر سۆيىمەن.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، «ئۈچ خىل كۈچ» ۋەتەننى پارچىلاش جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دىنىي ئەقىدىلەرنى ھە دەپ بۇرمىلاپ، بىدئەت تەلىمات توقۇپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاممىنى ھەر تەرەپتىن چىرىتتى، قۇتراتتى ۋە قايمۇقتۇردى، بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭغا قارىتا، شىنجاڭ ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى كۈچەپ تۈگىتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ۋە پايدىلىق تەجرىبىلىرىنى تېپىپ چىقتى.

بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىز تەستە قولغا كەلگەن، بىز تېخىمۇ ئەمەلىي بولۇش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش روھى بىلەن ئۆز خىزمىتىمىزنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك. ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، تېخىمۇ مۇقىم، ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان شىنجاڭ ئارقىلىق، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭغا بوھتان چاپلىشى ۋە قارا چاپلىشىغا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىشىمىز كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ئەسلا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلىدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا جەمئىي نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. مۇرەككەپ، كەسكىن بولغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈچلۈك ساداسى ئالدىدا، شىنجاڭ «بىر قولدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىش ۋە تەربىيەلەش ـ يېتەكلەش خىزمىتىنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش مۇھىتى ۋە تۇپرىقىنى كۈچەپ تۈپتىن يوقاتتى. قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى تەربىيەلەش، قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قانۇنچىللىق ئېڭى كۈچىيىپلا قالماي، تېررورىزم ۋە دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىنى ئېنىق تونۇدى، يەنە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، بىر تۈرلۈك ئەمەلىي تېخنىكىنى ئىگىلىدى. مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان يەتتە نەپەر تەربىيەلەنگۈچى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردۇم. دىلبەر تاھىر ئىسىملىك تەربىيەنى تاماملىغان بىر تەربىيەلەنگۈچى ئىلگىرى ئۆزى ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئاچقان، توي قىلغاندىن كېيىن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، دۇكىنىنى تاقىۋەتكەن، تۇرمۇشىمۇ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇ بىردىنلا ئويغانغان، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ھەقىقەتەن كىشىگە كۆپ زىيان سالىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىغا دەخلى يەتكۈزگەن، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ تەربىيەسى ۋە قۇتقۇزۇۋېلىشى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ھاياتى نابۇت بولاتتىكەن. ھازىر ئۇ يېڭىدىن بىر ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئېچىپ، ھەر ئايدا 6000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىغان بوپتۇ، كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشى ئۆتۈۋېتىپتۇ. تەربىيەنى تاماملىغان باشقا ئالتە تەربىيەلەنگۈچىنىڭ بەزىلىرى ئۆزى ئىگىلىك تىكلەپتۇ، بەزىلىرى كارخاندا ئىشچى بوپتۇ، ھەممىسى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن بىلىمى ۋە تېخنىكىسىغا تايىنىپ، كىرىمنى كۆپەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ قۇتقۇزۇۋالغانلىقى ۋە تەربىيەلىگەنلىككە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىشتى.

ئاياغنىڭ پۇتقا دەل كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى پەقەت كىيگەن ئادەملا بىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇش ـ بولماسلىقىدا باشقىلارنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب. ھازىر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى، مۇقىملىق پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلدى، 2018 ـ يىلى، شىنجاڭ ئىشقا ئاشۇرغان رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى يىلىدىكىدىن 6.1% ئاشتى، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى ئالدىنقى يىلىدىكىدىن 7.6% ئاشتى. ساياھەتچىلىكتە شىددەت بىلەن ئېشىش نامايان بولدى، 2019 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچىدىن جەمئىي 200 مىليون ئادەم قېتىم كۈتۈۋېلىنىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 42% ئاشتى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭ قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرى پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ يۈكسەك ئېتىراپ قىلىشى ۋە چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇ كۈچلۈك تەدبىرلەر شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈردى.

ئامېرىكا تەرەپ «كىشىلىك ھوقۇق»نى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا ھە دەپ قوش ئۆلچەم قوللاندى، ئۇنىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتۇر، بۇنى 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن جۇڭگو خەلقى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ. بۇ يەردە، مەن ئامېرىكا تەرەپنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىمىز ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم، بىزنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىمىزنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ.

# «بۇ كەلسە كەتكۈسى كەلمەيدىغان جاي»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دودۇخدۆي مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم قويغان ئاشۇ چاغدا، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان جۇڭگو تىلى ئۇنىڭچە «يېقىملىق» بىلىنمىدى. «تۇنجى يىلى ئاۋۋال تىل ئۆگەندۇق، شۇ چاغدا ئاندىن جۇڭگو تىلىنىڭ، بولۇپمۇ خەنزۇچە خەتنىڭ بەك تەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بىر مەۋسۇمدىن كېيىن ئۆزۈمنى ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك ھېس قىلىپ بىر مەھەل ۋاز كەچمەكچى بولدۇم» دېدى دودۇخدۆي ئەينى يىللاردىكى بەڭباشلىقىنى ئەسلەپ. ھېلىمۇ ياخشى ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەنە بىر يىل سىناپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرغاچقا، ئۇ ئۈرۈمچىدىكى گۈزەل مىنۇتلارنى قولدىن بېرىپ قويمىدى.

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدە، خېلىلا تىل ئاساسىغا ئىگە بولغان دودۇخدۆي نۇرغۇن يېڭى دوست تۇتتى. كۆپچىلىكنىڭ ياردىمىدە، ئۇنىڭ جۇڭگو تىلى سەۋىيەسى ناھايىتى تېز ئۆستى. ئوقۇشتىن باشقا، ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان دوستلىرىمۇ دودۇخدۆينىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىپ رەڭدارلاشتۇردى، دوستلىرى قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئالاھىدە مەززىلىك تائاملارنى تونۇشتۇردى، ئارام ئالغان چاغلىرىدا ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى بۇ شەھەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە گۇۋاھ بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنداق قىلىپ، دودۇخدۆي تولۇق كۇرسنى پۈتكۈزۈپ يەنە داۋاملىق ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇدى. «ئوقۇش پۈتكۈزەي دەپ قالدىم، مېنىڭ يەنە داۋاملىق دوكتورلۇقتا ئوقۇغۇم بار. بىلىمنىڭ چېكى يوق، بۇ ئەلۋەتتە بۇ قارارنى چىقىرىشىمنىڭ مۇھىم سەۋەبى، لېكىن بۇ يەردىن ئايرىلىشنى خالىماسلىقىممۇ مۇھىم ئامىل.» دودۇخدۆي مۇنداق دېدى: «ھازىر ئۈرۈمچىدە BRT، مېترو، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولنىڭ ھەممىسى بار بولدى، تەرەققىياتى شۇنچە تېز، شۇنچە ياخشى، يىل بويى بۇ يەردە ئۆگىنىپ، تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان چەت ئەللىك بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەنمۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.

«مەن ئۈرۈمچىگە كەلگىلى ئون يىل بولدى، بۇ شەھەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە گۇۋاھ بولدۇم. مەن بۇ يەرنىڭ مەززىلىك تائاملىرىنى ھەم بۇ يەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، ئايرىلىشنى ئويلىسام ھەقىقەتەن كۆزۈم قىيمايدۇ.» دودۇخدۆي مۇنداق دېدى: «بۇ بىرقانچە يىلدا، مەكتەپنىڭ تەشكىللىشى بىلەن شىنجاڭدىكى باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ پراكتىكا قىلدىم، يەنە ساياھەت قىلىپ شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم شەھەرلىرىگە باردىم، ھەربىر شەھەردىكى كىشىلەر ناھايىتى سەممىي، دوستانە ئىكەن».

شىنجاڭغا بولغان قىيالماسلىق يەنە دودۇخدۆينىڭ بالىلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنىدى. دودۇخدۆينىڭ دېيىشىچە، تۆت بالىسى بار ئىكەن، ئەڭ كىچىكى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپتۇ. ئەڭ چوڭى بۇ يىل ئون ياشقا كىرىپتۇ، ھەمىشە تېلېفوندا شىنجاڭغا كېلىپ جۇڭگو تىلى ئۆگىنىمەن دەيدىكەن. ھازىر دودۇخدۆي بالىلىرى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەندە تۇنجى بولۇپ پۇتۇڭخۇادا «ياخشىمۇ سىز» دەيدىكەن.

«جۇڭگو شىنجاڭ مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم، بۇ كەلسە كەتكۈسى كەلمەيدىغان جاي. مەن بالىلىرىمنىڭمۇ كېيىن بۇ جايىنى ياقتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى دودۇخدۆي.

# «قوشۇش، ئېلىش ئۇسۇلى»نى ياخشى ئىشلەش  شىنجاڭنىڭ ساياھەت مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل 10 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ساياھەت بازىرى تەرتىپىنى قاتتىق تۈزەشتىكى 12 تۈرلۈك تەدبىرنى ئېلان قىلىپ، ساياھەت تىجارەت ئاپپاراتلىرى، ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى، ساياھەت ئەسلىھەلىرى مۇلازىمەت ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى ئېنىق قېلىپلاشتۇرۇپ، ساياھەتچىلەر ۋە ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ساياھەت تىجارەتچىلىرىگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

«‹ئۆمەك ھەققى ئالماسلىق› ‹ساياھەتچىلەرنى ئالداش، ساياھەتچىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش› قاتارلىق ساياھەت ساھەسىدىكى قالايمىقان ھادىسىلەر ئاپتونوم رايونىمىزدا چەكلىنىپ، ساياھەت مۇھىتى، بازار تەرتىپى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى ئاساس سېلىندى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كوپېراتىپلىرى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى ۋۇ فېڭ.

بۇ يىل 11 ـ ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 394 (بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز بەش مەنزىرە رايونىنىڭ دەرىجە سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىدى، ئۈچ مەنزىرە رايونىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى، توققۇز مەنزىرە رايونىنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇدى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ نازىرى يۈسۈپجان مەمەت مۇنداق بىلدۈردى: A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونلىرىغا قارىتا «كىرەلەيدىغان ـ چىقالايدىغان، يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان» بولۇشتەك ھەرىكەتچان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئۆلچەم بويىچە ئاڭلىق ھالدا مۇلازىمەت فۇنكسىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

بۇ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۈچىنچى تەرەپ شىركەت ئېلان قىلغان تەكشۈرۈش ئىستاتىستىكىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، 11 ـ ئايدا ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى مەنزىرە رايونلىرى ھەم مۇلازىمەتتىن رازى بولۇش دەرىجىسى 98.62%كە يېتىپ، 10 ـ ئايغا قارىغاندا يەنە 1.67% ئۆسكەن.